# ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات

ۋاڭ جىژلەي

## 1. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇزاق تارىخ ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ياۋروپا بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى. شۇنداقلا، دۇنيادا تارىخى ئەڭ ئۇزۇن رايونلارنىڭ بىرى. كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپلا، ئىنسانلار بۇ يەردە ياشاپ كەلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرى ناھايىتى قەدىمقى زامانلاردىلا راۋاج تاپقان. ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيادا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى ۋە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ماكانى بولغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا راۋاج تېپىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىلك دەسلەپكى زور ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋە سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ مەدەنىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىپ بەرگەن. كېيىنكى چاغلاردىكى «يىپەك يولى» مۇ چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ۋۇجۇتقا كەلگەن.

سودا پائالىيىتى قەدىمقى زامانلاردا، ھەممىلا يەردە مەدەنىيەت تارقاتقۇچى ۋاستە بولۇپ كەلگەن. شۇڭا «يىپەك يولى» نىڭ مەركىزى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ توت كوچا ئېغىزى» دەپمۇ ئاتالغان. شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتى بىر-بىرىگە ئۆتۈش جەريانىدا مانا مۇشۇ يەردە ئۇچراشقانلىقتىن، قەدىمقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىشىنى ئالغا سۈرگەن.

ئالىملار ئومۇمەن پامىرنى چېگرا قىلغان ھالدا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىم دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ مەدەنىيىتى ئىچكى رايونلارنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغان؛ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى بولسا يۇنان، رىم، پېرسىيە، ھىندىستانلارنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغان. تارىختا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى سودا ئىشلىرىنى

ماھىر بولۇپ، كۆپ خىل تىللىنى پىششىق بىلىدىغان ۋە تۈرلۈك دىنلارغا ئېتىقات قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار تۈرلۈك دىن ۋە مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇنلىغان سەنئەت بۇيۇملىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن، بەزە نۇرغۇنلىغان دىنىي كىتابلارنىمۇ تەرجىمە قىلىپ چىققان، شۇنىڭدەك يەرلىك مىللەتلەردىن نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەر، پەيلاسوپلار، تەرجىمانلار ۋە سەنئەتكارلار مەيدانغا كەلگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆپچىلىككە ناھايىتى ئايان.

مىلادى 8 - ئەسىردە ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، بۇنىڭ زېمىنىنى خەلىپە ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋالدى. بۇ چاغدا، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى گېرمانلارنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا مۇنقەرز بولدى، غەربىي ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىرلىك نادانلىق زۇلمەت دەۋرىگە قەدەم قويدى. يۇنان، رىم مەدەنىيىتى بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەرەبلەر ئۇلارنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ تەرجىمە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىنىپ قالدى. ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالغان ئوتتۇرا ئاسىيا غەربىي قىسىم رايونىنىڭ مەدەنىيىتى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، ئەرەبچىنى پىششىق بىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئالىملار مەيدانغا كېلىدۇ. ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 9 - ئەسىردىن 11 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىسلام دۇنياسىدا ئەرەب يېزىقىدا ئەسەر يازغان مەشھۇر ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كىشىلەر ئىدى. سامانىلار دەۋرىدە جەمئىيەت بىر قەدەر تىنچ بولغاچقا، باشقا جايدىكى مۇسۇلمان ئالىملىرىمۇ مەدەنىيەت تەرەققىي تاپقان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆپلەپ كەلگەن ئىدى. ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى كۆپ جەھەتلەردە ياۋروپادىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى بەزى مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتەيلى: مەسىلەن، مەشھۇر ماتېماتىك ئەبۇجەئپار. مۇھەممەد. ئىبنى. مۇسا. ئەل خۇارەزىمى — خۇارەزىملىك؛ يەنە بىر ماتېماتىك ھەم ئاسترولوگ ئەخمەد. ئەل فەرغانى — فەرغانىلىك؛ پەيلاسوپ ئەبۇ. ناسىر ۋارابى — سىر دەرياسى ۋادىسىنىڭ فاراب (يەنى ئوترار) دېگەن جايدىكى ۋاسىكى كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى خۇراسان، باغدات، ئالېپپو قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزگەن، مىلادى 950 - يىلى دەمەشقتە ۋاپات تاپقان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەبچە يازغان. ئۇنىڭ توھپىسى شۇ يەردىكى، ئۇ، ئارىستوتېلنىڭ تەلىماتى ۋە يېڭى ئەپلاتونىزىمنىڭ پەلسەپەۋى مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان، ئۇنى ئۆزگەرتكەن ۋە راۋاجلاندۇرغان، يەنە شۇ زاماندىكى ئەڭ ئاتاقلىق ئالىم ئىبنى - سىنا. ئەبۇ ئەلى بۇخارالىق بولۇپ، ئۇ تىببىي ئالىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پەيلاسوپ، شائىر ھەم سىياسى ئەرباپ ئىدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەرەبچە، بىر قىسمىنى پارسچە يازغان.

سامانىيلار دەۋرىدە، جۇغراپىيە ئىلمى بىر قەدەر راۋاجلانغان. ئىسلامىيەتتىكى تارىخ ۋە جۇغراپىيەشۇناسلىق قۇرئان تەتقىقاتىغا ئەگىشىپ راۋاجلانغان. مۇسۇلمانلار سودىگەرچىلىككە ئۇستا بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قەدىمى دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە يېتىپ بارغان، بۇ ھال ئۇلارنىڭ جۇغراپىيە شۇناسلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. تامىم ئىبنى. بەھىر. ئەل مۇتتەۋى ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇ مىلادى 821 - يىلى شەرققە ساياھەت قىلغاندا، توققۇز ئوغۇزلار رايونىغا كەلگەن. يەنە ئەبۇ. دۇراف. مىسار. ئىبنى. مۇخەنخىر ئىسىملىك بىر كىشى شەرققە ساياھەت قىلغاندا، شىنجاڭدىن ئۆتۈپ خىشى كارىدورىدىكى شەندەنگىچە بارغان. سامانىيلار خانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى جەھانى خۇددى تالاش خانداللىقىنىڭ ئەمەلدارى جىيادەن ۋە سىۋق خاندانلىقىنىڭ ئەمەلدارى جاۋرۇكۇۋالارغا ئوخشاش، "چەتئەللىكلەرنى چاقىرىپ كېلىپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراش" ئارقىلىق جۇغراپىيىگە دائىر نۇرغۇنلىغان بىلىملەرنى توپلىغان. چۈنكى ئۇ چاغدا سامانىيلار خانلىقى قاراخانىيلار بىلەن خوشنا بولغاچقا، ئۇلار يىراقتىن دىپلوماتىيە يۈرگۈزۈپ، يېقىندىن ھۇجۇم قىلىپ، قاراخانىيلارنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن، قاراخانىيلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. يەنە مىلادى 9 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە نامى ئۆچكەن بىر ئاپتور 982 - يىلى «ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق بىر ئەسەر يازغان، بۇنى شۇ چاغدىكى جۇغراپىيە بىلىملىرىنىڭ مەجمۇئەسى دېيىشكە بولىدۇ.

سامانىيلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. ئۇلار سودا پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى شەرقتىكى شىنجاڭ رايونىغا تارقىتىپ، بۇ يەردىكى تۈركلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلدۇرغان ھەمدە قاراخانىيلار خانلىقى مەيدانغا كەلگەن. كېيىن (مىلادى 999 - يىلى) قاراخانىيلار خانلىقى سامانىيلار خانلىقىنى يىقاتتان. قاراخانىيلار خانلىقى بىر تەرەپتىن، غەربتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىدىقۇت (كاۋچاڭ) ئۇيغۇرلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغاچقا، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، نەتىجىدە «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» تەك بۇنداق ئۆلمەس ئەسەر دۇنياغا كەلدى. بۇ ئىككى ئەسەر ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان زور تۆھپە بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى دۇنيانىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر قىلدى.

قاراخانىيلار بىلەن زامانداش بولغان سامانىيلار خانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد ئەدىپلەر ۋە ئالىملارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرەتتى. ئۇلۇغ پارس شائىرى فىردەۋسى ئۆزىنىڭ «شاھنامە» دېگەن داستانىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان. شۇ زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن يەنە بىر مەشھۇر ئالىم بىرۇنى بولۇپ، ئۇ كەڭ بىلىملىك ئادەم ئىدى. ئۇ تۈركچە، پارسچە، ئەرەبچە يېزىقلارنى مۇكەممەل بىلگەندىن تاشقىرى، يەنە

سانسكرىتچە، ئىبرانىچە، سۈرىيەچە يېزىقلارغىمۇ كامىل ئىدى. ئۇ يەنە ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تىبابەتچىلىك، فىزىكا، تارىخ قاتارلىق ئىلىملارغا تونۇشقان بولۇپ، ئۆز ھاياتىدا 150 پارچە ئىلمىي ئەسەر يازغان. 1017 - يىلىدىن كېيىن، بىرۇنى ھىندىستانغا بېرىپ، ھىندى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، ھىندىستان تارىخىنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە «كالىشۇناسلىق» قاتارلىق پەننىي ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش بولغان ساسانىلار خانلىقىنىڭ يەنە بىر ئالىمى ئۇتبى ئەرەب يېزىقىدا «تارىخ ئەمىنى» دېگەن بىر ئەسەرنى يازغان، بۇ ئەسەر ساسانىلار خانلىقىغا دائىر قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر، 9 - ئەسىردىن 11 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋرنى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر يۇقىرى پەللە دېيىلىدىغان بولسا، 14 - ئەسىردىن 16 - ئەسىرگىچە داۋام قىلغان تۆمۈر خانلىقى دەۋرىنى يەنە بىر يۇقىرى پەللە، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

چىڭگىزخاندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ ئىستىلاچى تۆمۈر گەرچە كوچمەن چارۋىچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، چىڭگىزخانغا قارىغاندا بىلىملىكرەك ئىدى. تۆمۈر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ھەر قايسى جايلارنى ئىستىلا قىلىش جەريانىدا، زور كۆلەمدە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ ۋەيران قىلغاندىن كېيىن، ھامان ئۇ جايلاردىكى ئەدىپلەر، ئالىملار، ھۈنەرۋەن ئۇستىلارنى ۋە غەيرى - ئەسىل نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ پايتەختى سەمەرقەندكە كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ، سەمەرقەندنى دۇنيا بويىچە ئەڭ مەدەنىي، ئەڭ ئاۋات ۋە باياشات بىر پايتەخت قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچى بولغان. تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋرىسى شاھرۇخ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ھىرات شەھرىنى پايتەخت قىلىش بىلەن، ئۇمۇ ھىرات مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان. شۇڭا، بۇ ئىككى شەھەر ئەينى زاماندا قۇرۇلۇشى ھەشەمەتلىك، ئىلىم ئەھلى جۇغلانغان مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىپ، بىر مەزگىل ئاجايىپ گۈللەنگەن ئىدى. بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زىيالىلار ئەمدى ئەرەبچىنى ئۆزىنىڭ بىردىن - بىر ئەدەبىي تىلى دەپ ھېسابلىمايدىغان ھەمدە پارسچە بىلەنمۇ چەكلىنىپ قالمايدىغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چاغاتاي تىلىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئەدەبىي تىلى قىلىپ قوللىنىدىغان بولغان. شۇ دەۋردە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىرمۇنچە ئۇلۇغ چاغاتاي ئەدىپلىرى مەيدانغا كەلگەن. تۆمۈرخانلىقىنىڭ ئوردىسىدا مەشھۇر تارىخشۇناسلاردىن ئەبنى. ئەرەبشاھ (1392 — 1450)، نىزامىددىن. شامى، شەرەفىددىن. يەزدى، مىركۋاند ۋە كۋاند مىر؛ ئالىملاردىن سەئىدددىن. مەسئۇد. ئەبنى. ئومەر (1322 — 1395)؛ مەشھۇر شائىر ھاپىز، خوجەندلىك قەمەر قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى.

شاھرۇخنىڭ ئوغلى، ماۋارائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇلۇغبېگنىڭ ئۆزى بىر ئالىم بولۇپ، ئۇ ئاسترونومىيە ماتېماتىكا ئىلمىگە كامىل ئىدى. ئۇنىڭ مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈپ چىقىلغان

«ئاسترونومىيە كالېندارى» ئىسلام ئاسترونومىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ھىراتنىڭ تۆمۈردىن كېيىنكى خانى سۇلتان . ھۈسەيىن . بايقارانىڭ ساۋاقدىشى ھەم يېقىن دوستى — ئەلى شىر. ناۋايى ئۇلۇغ چاغاتاي ئەدەبىياتچىسى، شائىر ۋە سىياسى ئەرباپ ئىدى. ئۇنىڭ زامانىدىشى — پەرغانە شاھى، كېيىن ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بابۇرمۇ چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كارامەت ئەدىبى ئىدى. بۇ ئىككى گىگانت ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرىدىن چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان ھەتتا تاكامۇللىغا يەتكەن لىكىنى كورۈۋالغىلى بولىدۇ.

بابۇرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى مىرزا ھەيدەر مەشھۇر سىياسى ئەرباپ ۋە تارىخشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ پارسچە يازغان «تارىخ رەشىدىيە» ناملىق ئەسىرى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا دائىر بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېساپلىنىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى بىلىشىمىزدىكى بىردىن - بىر ئاساسدۇر.

تۆمۈر خانلىقى دەۋرىدىكى رەسسامچىلىق پارس ۋە جۇڭگو رەسسامچىلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇ زامانلاردا بېخزادە قاتارلىق مەشھۇر رەسساملار مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، نەپىس رەسىملەر ناھايىتى داڭلىق ئىدى.

ھىرات شەھىرىدە ناھايىتى نۇرغۇن كىتاب ساقلىنىدىغان كۇتۇپخانا بولۇپ، بۇ كۇتۇپخانا ئەينى زاماندا يەنە كىتاب ئىشلەپچىقىرىدىغان جاي ئىدى. بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان خەتتاتلار كىتاب كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللىناتتى. تۈپلەش ئۇستىكارلىرى كىتابلارنى تۈپلەيتتى، نەپىس رەسىم ئۇستىكارلىرى كىتابلارنىڭ قىستۇرما رەسىملىرىنى سىزاتتى، يەنە كىتابنىڭ مۇقاۋىلىرىغا ئالتۇن ھەل بېرىدىغان ئۇستىكارلار ھەممە كىتاب نۇسخىلىرىغا باھا بېرىپ بېكىتىدىغان مۇتەخەسسىسلەر، تىلشۇناسلار ۋە باشقىلارمۇ بۇ خىزمەتلەرگە قاتنىشاتتى. شۇڭا، بۇ يەردىن ئىشلەپچىقىرىلغان كىتابلارنىڭ پۈتۈكلىرى ھۆسنىلىك، تۈپلىنىشى ھەشەمەتلىك، مۇقاۋىلىرى ئىنتايىن كۆركەم بولۇپ، يېقىنقى زامان ئۇچۇرلىمۇ قىممەتلىك يادىكارلىق ھېساپلىنىدۇ. فىردەۋسى يازغان قىستۇرما رەسىملىك «شاھنامە» دېگەن مەشھۇر كىتاب ئەنە شۇ يەردە ئىشلەپچىقىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا يالغۇز مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ماددى مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ناھايىتى تەرەققى قىلغان. مەسىلەن، سەمەرقەنت بىلەن ھىرات — بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئىمارەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ناھايىتى چىرايلىق - كۆركەم بولۇپ، شۇ زاماندىكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

قىسقىسى، ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت ۋە ھۈنەر-سەنئىتى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان بولۇپ، مەيلى قايسى جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، شۇ زامانىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى ئورنىدا تۇراتتى. پەقەت 16-ئەسىردىن كېيىنلا، تۆمۈر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، ئوزبەكلەر قۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قانچە خانلىقلارنىڭ ماۋارائۇننەھرنى ئىشغال قىلىشى؛ ئىچكى قىسىمدا تەسەۋۋۇپچـ

لىقىنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش بولۇپ تۇرۇشى؛ تاشقى جەھەتتە شىئە مەزھىپىدىكى پارسلار ۋە بۇددا دىنىدىكى موغۇللار بىلەن دۈشمەنلىشىش نەتىجىسىدە جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى؛ غەرب تەرەپتە ئوسمانلىلار بىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنى ھۇجۇم بىلەن گۇمران قىلىشى نەتىجىسىدە غەربىي ياۋروپالىقلار دېڭىز ئارقىلىق شەرققە بارىدىغان يول ئىزدەپ، ئاخىرى يېڭى قۇرۇقلۇقتىن شەرققە بېرىشقا بولىدىغان دېڭىز يولىنى تاپقانلىقى، شۇنىڭ بىلەن سودا يولى يۆتكىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «يىپەك يولى» دا قاتناشنىڭ توختاپ قېلىشى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 16-ئەسىردىن كېيىن خاراپلىققا قاراپ يۈزلىنىشىدىكى سەۋەبلەردۇر.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى يەنىلا ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مىراسلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى يېزىش توغرى كەلگەندە، ئەگەر ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمى كەم بولىدىكەن، ئەگەر ئىبن سىنا، فارابى، بىرۇنى، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلى شىر نەۋائىي قاتارلىق كىشىلەر يېزىلمايدىكەن، ئۇنداق تارىخ ئىنسانلارنىڭ مۇكەممەل مەدەنىيەت تارىخى بولالمايدۇ. بۇ مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي ئىشەنچىمىز ۋە مىللىي ئىپتىخارىمىزنى ئۈستۈرۈشىمىز ھەمدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى يېتىشتۈرۈشىمىزدە كەم بولسا بولمايدۇ. شۇنداقلا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشىمىزدىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ.

## 2. چاررۇسىيە ۋە باشقا كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى گەرچە دۇنيا تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، باشقىلار بۇ رايوننى ئانچە چۈشەنمەي كەلدى.

جۇڭگونىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمى (شىنجاڭ رايونى) مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا جۇڭگونىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگەن ئىدى. جاڭ چيەن، گەن يىڭلاردىن كېيىن، ھەر قايسى سۇلالىلارنىڭ ھەممىسىدىن غەربىي رايونغا ئەلچىلەر ۋە غەرپكە بۇددا دىنى ئىلمىنى تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ماڭغان راھىبلار كېلىپ تۇرغان، ھەر قايسى سۇلالىلارنىڭ تارىخنامىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدا مول خاتىرىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. لېكىن بۇ خاتىرىلەردە بايان قىلىنغان ئەھۋاللاردا، رايون دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەنىلا شىنجاڭ رايونى ئاساس قىلىنغان؛ دەۋر دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىركىسى كۆپرەك بولغان. پامىرنىڭ

غەربىدىكى رايونلار توغرىسىدىكى چۈشەنچە بىر قەدەر كەم بولغان. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىسلام دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئانچە يوق ئىدى.

غەرب ئەللىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى جۇڭگوغا قارىغاندا تېخىمۇ كەم ئىدى. ئۇلار ئاساسەن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى بىر ئاز بىلەتتى، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ جەريانىدا، ياۋروپالىقلارنىڭ ئاسىيا توغرىسىدا توپلىغان بىلىملىرى ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. مەسىلەن، مىلادىدىن 4 ئەسىر ئىلگىرى ئالېكساندىرىيە ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغاندا، ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيانى چۈشىنىشكە باشلىدى. فتولېمېينىڭ «جۇغراپىيە» دېگەن كىتاۋىدا يۇنان ۋە رىملىقلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىم سەۋىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ «يۇنان — پېرسىيە ئۇرۇش تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە يېزىلغان، كېيىن، ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە، پەقەت ئەرەب ئىستىلاچىلىرىلا ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيانى بىلدى. لېكىن ياۋروپالىقلار ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر بىلىملەردىن پەقەت يېقىنقى زاماندىلا خەۋەردار بولدى.

موڭغۇل ئىستىلاسى ياۋروپا بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنى ئېچىپ، ياۋروپالىقلارنى ئاسىيا (جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا) نى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. 1245 — 1247 - يىلى پاپا ئىننوسېنتنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن موڭغۇل رايونىغا كەلگەن برانت. كاربىن، 1252 — 1255 - يىلى فرانسىيە كارولى لۇئى IX تەرىپىدىن موڭغۇل رايونىغا ئەۋەتىلگەن ۋىلليام. رۇبرۇكلار ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە موڭغۇل رايونىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ياۋروپاغا ئېلىپ بارغان. بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا جۇڭگوغا كەلگەن ماركو. پولو ۋە تۆمۈر زامانىدا سەمەرقەنتكە كەلگەن كاستىلىيەنىڭ ئەلچىسى كلاۋىيولار ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق ياۋروپالىقلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردا دېڭىز ئارقىلىق شەرققە بارىدىغان قاتناش يولىنى ئىزدەش ھەۋىسىنى قوزغىغان.

گەرچە ياۋروپالىقلار تارىختا ئەنە شۇنداق بىلىملەرنى توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئىنتايىن كەم ئىدى، ھەتتا 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، روسىيىلىك پرژېۋالسكى تېخى مۇنداق دېگەن: «پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ئېگىزلىكى، شىمالدىكى سىبىرىيە تاغلىرىدىن جەنۇبتىكى ھىمالايا تاغلىرىغىچە، پامىردىن جۇڭگونىڭ ئۆزىگىچە بولغان بۇ جايلار خۇددى ئوتتۇرا ئافرىقا ۋە يېڭى گوللاند ئارىلىنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئوخشاش، كىشىلەر تەرىپىدىن تا ھازىرغىچە ناھايىتى كەم چۈشىنىلمەكتە».

كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ۋە تارىخىنى چۈشىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشى كاپىتالىزىمنىڭ مۇستەملىكە كېڭەيتىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىشنى مەقسەت

قىلىنغان. ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات تارىخىنى ئومۇمەن مۇنداق ئىككى باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن: بىرىنچى باسقۇچتا جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش ئاساس قىلىنىپ، ئىككىنچى باسقۇچتا ئالدىن ئارخېئولوگىيە، تىل، ئېتنوگرافىيە ۋە تارىخ، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە پىلانلىق تۈردە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش پەقەت يېقىنقى بىر ئەسىرچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئىش. يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيانقى شەرقشۇناسلىق تەرەققىياتى جەريانىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى (جۈملىدىن ماۋارائۇننەھر، ئافغانىستان، ئىران، ھىندىستان) ھەتتاكى جۇڭگومۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئېزىلىپ، ئۆزىنىڭ زىيالىيلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئالىملىرى كەم بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۆز تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان. يېقىن زاماندىكى ئاتالمىش شەرقشۇناسلىق، تامامەن دېگۈدەك كاپىتالىستىك ئەللەر تەرىپىدىن مونوپول قىلىۋېلىنغان.

دۇنيا تارىخى كاپىتالىزم دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، تەرەققىي تاپقان ياۋروپا دۆلەتلىرى سىرتقا قارىتا مۇستەملىكە ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇ چاغدىكى ياۋروپا دۆلەتلىرى ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى قىتئەلىرىدىكى كەڭ رايونلار ھەققىدە قىلچە چۈشەنچىسى يوق ئىدى. شۇڭا، جۇغراپىيىلىك ئېكسپېدىتسىيە — مۇستەملىكە كېڭەيتىشتە ئالدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئاسىيادىكى جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈشمۇ شەرقشۇناسلىق تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پائالىيەت بولۇپ قالغان ئىدى.

كاپىتالىزم مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئاسىياغا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ كېڭىيىشىدە، روسىيە ئۆزگىچە ئوڭايلىق شەرت - شارائىتقا ئىگە ئىدى. جۇغراپىيە شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، روسىيە زېمىنى ئاسىيا بىلەن تۇتاش بولۇپ، ئارىلىقتا توسۇپ تۇرىدىغان دېڭىز - ئوكيان يوق؛ تارىخ جەھەتتىن ئېيتقاندا، روسىيە ئىلگىرى ئاسىيالىق موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ تۇرغان ئىدى. 16 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە، ئىمپېرىيە (ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە تۆمۈر خاندانلىقى) نىڭ يىمىرىلىشى بىلەن، روسىيە موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىلەن بىر قاتاردا ئۆز دۆلىتىنى قۇردى. 16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، روسىيە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قازان خانلىقىنى (1552 - يىلى) ۋە ئاستىراخان خانلىقىنى (1554 - يىلى) ھۇجۇم بىلەن مۇنقەرز قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىلگىرىلەپ ئۆز قىلىپ كىرىش ئۈچۈن يول ئاچتى. زېمىن ئىشتىھاسى ئىنتايىن زور بولغان پېتر

ئىمپېراتور زامانىسىدىن باشلاپ، روسىيىنىڭ ئاسىياغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتى ئەۋج ئالدى. شۇڭلاشقا ئېيتىشىمىز مۇمكىنكى، روسىيىنىڭ شەرقشۇناسلىقى پېتر ئىمپېراتور زامانىسىدىن باشلاپ راۋاجلانغان.

ئىشنى ئالدى بىلەن جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈشتىن باشلىغان. پېتر ئىمپېراتور شىنجاڭدىكى يەكەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى ھىندىستاندىن كۆپلەپ ئالتۇن چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇخگولىزنى سىبىرىيىگە ئەۋەتىپ ئېرتىش دەرياسىنى بويلاپ شىنجاڭغا كىرىشنى قەستلەيدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بېكوۋىچنى خىۋاغا ئەۋەتىپ، ئۇ يەر ئارقىلىق ھىندىستانغا كىرىشنى قەستلەيدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ قەستلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. كېيىن، ئۇ يەنە بېلېۋۇيننى بۇخاراغا، ۋېنكوۋسكىنى جۇڭغارىيىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ۋېنكوۋسكى جۇڭغارىيە (ئىلى رايونى) دا نۇرغۇن ماتېرىيال توپلاپ، جۇڭغارىيىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىدۇ. پېتر I زامانىسىدا، روسىيىلىكلەر يەنە ئارال دېڭىز، كاسپىي دېڭىز ئويمانلىقىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن فرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى پېتر ئىمپېراتورغا پەخرىي ئاكادېمىك ئۇنۋانىنى تەقدىم قىلىدۇ.

كېيىن، روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى يۇتۇۋېلىش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ رايوندا داۋاملىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن، خىۋا تەرەپتە: گرادىشېۋ بىلەن مۇراۋيېۋنى خىۋاغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. يەنە يېفرېموۋ ئىسىملىك بىر ئوپىتسېر خىۋا بىلەن مارىيىگە بارىدۇ. ئۇ بۇخارادا قولغا ئېلىنىدۇ، كېيىن قېچىپ چىقىپ قوقەنت، قەشقەر، يەكەن، تىبەت ۋە ھىندىستانلارغا بارىدۇ. ئۇ روسىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر كىتاپ قىلىپ يېزىپ چىقىدۇ. 1819 - يىلى روسىيە يەنە مۇراۋيېۋنى خىۋاغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ.

ئارال دېڭىز تەرەپتە: 1815 - يىلىدىن 1826 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، جۇغراپىيەشۇناس بېركىنىڭ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئارال دېڭىزىنىڭ غەربىي ياقىسىدىكى رايونلار بىلەن ئۇستۇرت ئېگىزلىكىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. 1848 - يىلىدىن 1849 - يىلىغىچە يەنە بۇتاكوۋ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئارال دېڭىزىنىڭ سۈيى ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ.

بۇخارا تەرەپتە: 1820 - يىلى، نېگرى باشچىلىقىدىكى روسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى بۇخاراغا بارىدۇ. بۇ ئۆمەكنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە بەزى ئالىملار، مەسىلەن جۇغراپىيەشۇناس مېيېندوۋ، مۇزېيشۇناس پاندېرلار بولغان. ئۆمەك قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مېيېندوۋ «ئورېنبۇرگدىن بۇخاراغىچە بولغان سەپەر» دېگەن سەرلەۋھەلىك كىتاپ يازغان، بۇ كىتاپ پارىژدا نەشر قىلىنغان. 1841 - يىلىدىن 1842 - يىلىغىچە، روسىيە يەنە بۇتكوۋ باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى بۇخاراغا ئەۋەتكەن. بۇ ئۆمەكنىڭ ئەزاسى خانىكوۋ بۇخارا توغرىسىدا

يازغان بىر پارچە تەتقىقات، دوكلادىنى ئېلان قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ مەشھۇر شەرقشۇناس بولۇپ قالغان.

قوقەنت تەرەپتە: 1813 - يىلى سىبىرىيە ئارمىيە كورپۇسىنىڭ تەرجىمانى نازاروۋ قوقەنتنى زىيارەت قىلىپ، قوقەنت، خوجەنت، مەرغىلان، چىمكەنت قاتارلىق شەھەرلەرگە دائىر ماتېرىياللارنى خاتىرىلىگەن.

روسىيە مانا مۇشۇنداق دىپلوماتىك ئەلچىلەر ئۆمىكى ياكى تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيە شارائىتى ۋە سىياسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن. بۇنداق تەكشۈرۈشلەرگە قاتناشقان خادىملار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيەسىنى تەتقىق قىلىشتا، شۇ چاغدا خەلقارادا مەشھۇر بولغانلار جۇغراپىيەشۇناس — گېرمانىيەلىك ھۇمبولت ۋە رىشخوفېنلار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەر شارائىتىنى تەكشۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئىلمىي دوكلات يازغاندىمۇ تۈركچە، پارسچە، ئەرەبچە تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆپلەپ يىققان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. بۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ يۇقۇرقى يېزىقلاردىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىگىلەشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۇلارنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمقى تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بىرمۇنچە مىللىي يېزىقتىكى ئەسەرلەرنى شۇلار تاپقان. ھۇمبولت يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا» دىگەن كىتاپ ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيەسى جەھەتتە نوپۇزلۇق ئەسەر بولۇپ قالغان.

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل ئالىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيەسى، تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا روسىيەلىكلەر ئىدى. بۇ تەتقىقاتنىڭ تەشكىلاتچىلىق رولىنى بولسا، 1845 - يىلى پېتربۇرگدا تەسىس قىلىنغان روسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئوينىغان ئىدى.

روسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ سەپەرۋەرلىكىدە، روسىيەلىكلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا زور كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن كېيىن، روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرنەچچە خانلىقنى ئىستىلا قىلىشنى ۋە يۇتۇۋېلىشنى ئورۇنلاپ بولغاچقا، روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى جۇغراپىيەلىك تەكشۈرۈشى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلىشىپ قالغان ئىدى. بۇ خىلدىكى جۇغراپىيەلىك تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئادەملەر نۇرغۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرراغى سېمىيانوۋ. تيانشانسكى (1856 - 1857)، سېۋېرزوۋ (1866 - 1878)، فېدچېنكو (1868 — 1871)، ماتوسوۋسكى (1870 — 1875)، پرژېۋالسكى (1870 — 1885)، پېسوپ (1876 — 1890)، پوتانىن (1876 — 1899)،

مۇرۇم. گەلدەمبرو (1884 — 1914)، ئوبرۇچېۋ (1886 — 1909)، روبلوۋسكى (1889 — 1895)، كلېمېنتز (1892 — 1898)، كوزلوۋ (1893 — 1926) قاتارلىقلار.

ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش بىر قەدەر ئايىغلاشقاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى، بۇنىڭدىكى ئاساسىي پائالىيەت ئارخېئولوگىيە جەھەتتە بولدى. بۇ، شەرقشۇناسلىقنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىرنەچچە مەشھۇر ئالىملار بار: بۇنىڭ بىرسى رادلوۋ. ئۇ ئەسلى سىبىرىيىدىكى بارنور يەرلىك كان ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، تىلشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىق جەھەتتىكى تەتقىقات بىلەن كۆپ شۇغۇللانغان. 1868 - يىلى، ئۇ بۇخارا خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا ساياھەت قىلىپ بېرىپ، ئۇ يەردە مىللەتشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىققا دائىر نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغان. 1870 - يىلى، ئۇ يەنە موڭغۇللارنىڭ قوبدۇ رايونىغا بېرىپ، ئۇ يەردە تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى تەتقىقاتىنى ئېلىپ بارغان. يەنە بىرى گرىگورىيېۋ. ئۇ پېتېربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تارىخى كافېدراسىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، شەرقنىڭ تىلى ۋە تارىخىنى پىششىق بىلەتتى. شۇنداقلا مېتال پۇل تەتقىقاتىنىڭ مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئۇ ياۋروپا ئالىملىرى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ مېتال پۇل ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ تارىخ تەتقىق قىلغۇچى ئىدى. ئۇ، رىتتېرنىڭ «جۇغراپىيە» دېگەن كىتابىنى تولۇقلاپ يېزىش خىزمىتىگە قاتناشقان، تولۇقلاپ يېزىشتا مىللىي يېزىقتا يېزىلغان تارىخ، مەدەنىيەت ۋە جۇغراپىيىگە دائىر نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە: شەرقشۇناس لېرىخ — ئۇ، بۇخارانىڭ قەدىمقى مېتال پۇللىرىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، قەدىمقى سوغدا يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى تېپىپ چىققان؛ ۋېلىيامىنوۋ زېرنوۋ — ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى مەشھۇر ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قوقەنت تارىخى، قازاق تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللار بار؛ ۋېسېلوۋسكى — ئۇ، گرىگورىيېۋنىڭ شاگىرتى ھەم ۋارىسى؛ يادىنىق، بىچۇرىن — بېيجىڭدا پوپ بولغان، ئۇ خەنزۇچىغا كامىل بولۇپ، جۇڭگونىڭ 24 تارىخىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، توپلام قىلىپ، نەشىردىن چىقارغان. بۇ كىتاب ئەينى زاماندا ياۋروپا ئىلىملار پايدىلىنالايدىغان بىردىن - بىر ماتېرىيال بولۇپ قالغان.

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، روسىيە ئالىملىرىلا ئەمەس، غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىمۇ ئاسىيا، جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقاتنى جانلاندۇرۇۋەتتى؛ دۇنيادا كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكە تالىشىش رىقابىتى ئەۋج ئالغانلىقى، بولۇپمۇ ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكى تۈپەيلىدىن،

ئاتالمىش شەرق مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. ئەينى زاماندىكى ئاتالمىش شەرقشۇناسلىق، يالغۇز جۇڭگونى تەتقىق قىلىشقىلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنى، مەسىلەن: ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، تۈركىيە، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرنى تەتقىق قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ شەرقشۇناسلىرىدىن بىرمۇنچىسى روسىيە ئالىملىرىغا ئوخشاشلا، ئەرەبچە، پارسچە ۋە تۈركچە تىل - يېزىقلارنى پىششىق بىلەتتى. بۇ جەھەتتە جۇڭگولۇق خەنزۇ ئالىملىرى ئۇنداق شەرتنى ھازىرلىيالمىغان (بۇنداق ئەنئەنە كەمچىل بولغاچقا، تاكى ھازىرغا قەدەر، بۇ جەھەتتە يەنىلا ئاجىزمىز). ياۋروپا ئالىملىرىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تىلىنى بىلگەچكە، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئوڭايلىق شەرت يارىتىلغان.

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، خەلقارادا بىر نەچچە قېتىم شەرقشۇناسلار يىغىنى ئوتكۈزۈلدى: بىرىنچى قېتىمقىسى پارىژدا، ئىككىنچى قېتىمقىسى لوندوندا، ئۈچىنچى قېتىمقىسى 1876 - يىلى پېتربۇرگدا ئوتكۈزۈلدى. ئۈچىنچى قېتىمقى يىغىننىڭ مەزمۇنى روسىيە قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ، موڭغۇلىيە، ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق ئەللەر ۋە رايونلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. شۇندىن ئېتىۋارەن، شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات قانات يېيىپ كەتتى. 1884 - يىلى، روسىيىدە ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى تەسىس قىلىندى، 1885 - يىلى، ئەرەبشۇناس ھەم پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى روزېن روسىيە ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى شەرق بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، روسىيە ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمقى مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى ئىگەللەش ئۈچۈن پېتربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تارىخى پروفېسسورى ۋېسېلوۋسكىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زەرەفشان ۋە فەرغانە رايونىغا ئەۋەتتى. ۋېسېلوۋسكى دەسلەپ قىلىپ سەمەرقەنت قەدىمقى ئافراسىياپ شەھىرىنى قېزىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن قەدىمقى يۇنان مەدەنىيىتى، قەدىمقى پارس مەدەنىيىتى ۋە بۇددا مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرمۇنچە يادىكارلىق ۋە قەدىمقى كىتابلارنى تېپىپ چىقتى. بۇ قېزىشتىن: ئەرەبلەر ئىستىلاسىدىن ئىلگىرى ئاسىيادا بۇددا دىنى كەڭ تارالغانلىقى ئىسپاتلاندى. ۋېسېلوۋسكى يەنە تۆمۈرنىڭ قەۋرىسىنى ۋە تۆمۈر خانلىقى دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

روسىيە ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى يەنە بىر قېتىم ژۇكوۋسكى باشچىلىقىدا بىر ئارخېئولوگىيە ئەترىدى تەشكىللەپ، كاسپىي دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلارغا ئەۋەتتى،

ئۇلار بولۇپمۇ قەدىمقى مارىي شەھرىنى ئالاھىدە دىققەت بىلەن تەكشۈردى ۋە ئىمكان قەدەر يازما ماتېرىياللارنى تېپىشقا تىرىشتى.

روسىيە ئارخېئولوگلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىش بىلانلا قالماستىن. بەلكى شىنجاڭ ۋە موڭغۇل رايونلىرىدىمۇ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار يەتتىسۇ رايونىدا نېستورىيان دىنىغا دائىر قەۋرىستانلىقنى، موڭغۇلىيىنىڭ ئورخۇن دەرياسى بويىدا رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشنى تاپتى. بۇ، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 10 يىلىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1885 - يىلى، پانتۇسوۋ بىلەن پاياركوۋ نېستورىيان قەۋرىستانلىقىدىكى ھۇل تاشلار ئۈستىگە ئويۇلغان سۈرىيە - تۈرك يېزىقلىرىنى تېپىپ چىقتى. بۇ يېزىنى ئىلگىرى كىشىلەرگە ناھايىتى كەم مەلۇم بولغان، 8 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا نېستورىيان دىنىنىڭ تارقالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1889 - يىلى، روسىيە جۇغراپىيە ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ شەرقىي سىبىرىيە شۆبىسى يادرىنسېۋ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى موڭغۇلىيىدىكى قارا قورۇمنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇلار ئورخۇن دەرياسى بويىدا ئىككى خىل يېزىقتا ئويۇپ چىقىلغان مەڭگۈ تاش تېكىستىنى تاپتى. ئۇلار تاپقان مەڭگۈ تاش رۇنىك يېزىقى ئوننەچچە يۈز يىل ئىلگىرى يېنىسەي دەرياسىنىڭ ئۈستۈنكى ئېقىمىدىن تېپىلغان رۇنىك يېزىقىدا ئويۇپ چىقىلغان يېزىققا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا 7 — 9 - ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ يازما ماتېرىياللىرىنى ئوقۇپ چۈشىنىشكە ياردىمى بولدى. بۇ تېپىلىش ياۋروپا تۈركشۇناسلىقىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈنمۇ يېڭى زېمىن ئېچىپ بەردى.

1890 - يىلى، فىنلاندىيە ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىمۇ ئورخۇنغا باردى. 1891 - يىلى، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى رادلوۋ باشچىلىقىدىكى بىر ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنى موڭغۇلىيىگە ئەۋەتتى. 1893 - يىلى، دانىيىلىك تىلشۇناس توماس قەدىمقى تۈرك يېزىقىنى ئوقۇپ ئىزاھلاشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. رادلوۋمۇ رۇنىك ھەرپى بىلەن يېزىلغان قەدىمقى تۈركلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى ئوقۇيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى.

شۇ دەۋرلەردە، جۇڭگوغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان چەتئەللىكلەر ناھايىتى كۆپ بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتاقلىقلىرى: پرژېۋالىسكى، پېۋسوۋ، مۇرزوم كىلدىبرو، ئەنگلىيىلىك فوسېس، فرانسىيىلىك دوتلېي، شىۋېتسارىيىلىك سۋېنھېدىن قاتارلىقلار. روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پېتروۋسكىي قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئوغرىلانغان مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنى ئوغرىلاپ پېتېربۇرگقا ئېلىپ كەتكەن. روسىيە

ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىدىن روباۋسكى، كوزلوۋلارمۇ 1893 - يىلىدىن 1895 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، جۇڭگودىن ئېرىشىلگەن كىتاب - ماتېرىياللارنى ئېلىپ كەتكەن. بۇ ئەھۋاللار ياۋروپا ئەللىرىنىڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىۋەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن روسىيە ئالىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيانى تەتقىق قىلىدىغان خەلقارا جەمئىيەت تەسىس قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىگى رادلوۋ 1899 - يىلى رىمغا بېرىپ 12 - نۆۋەتلىك خەلقارا شەرقشۇناسلار يىغىنىغا قاتناشقان. ئۇ مۇشۇ يىغىندا ئەنە شۇنداق بىر تەشكىلاتنى تەسىس قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يىغىن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغان ھەمدە رادلوۋ بىلەن ئولدېنبۇرگقا كېلەر قېتىملىق يىغىندا قاراپ چىقىش ئۈچۈن بۇ يېڭى جەمئىيەتنىڭ نىزامنامە لايىھەسىنى تەييارلاپ چىقىشنى تاپشۇرغان.

شۇ يىلدىن كېيىن يەنى 1903 - يىلى، گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھرىدە 4 - قېتىملىق خەلقارا شەرقشۇناسلار يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، يىغىندا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان روسىيە ئالىملىرى تەييارلاپ چىققان جەمئىيەتنىڭ نىزامنامە لايىھەسى تەستىقلانغان. بۇ قېتىمقى يىغىندا، بىرمۇنچە ئەللەرنىڭ شەرقشۇناسلىرى بۇ خەلقارا تەشكىلاتقا قاتنىشىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاۋستىرىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، دانىيە، ئىتالىيە، نىدېرلاندىيە، نورۋېگىيە، روسىيە، ئامېرىكا، شۋېتسىيە، شۋېتسارىيە، فىنلاندىيە، فرانسىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئالىملىرى بار. مەشھۇر كىشىلەردىن: ستەيىن، گرىنۋېدېل، تومسېن، ئو. دونېر، ئى. سېنارت، ئا. فوشېرلار بار. لېكىن جۇڭگو ئالىملىرىدىن قاتناشقانلار يوق. بۇ تەشكىلاتنىڭ مەركىزىي كومىتېتى روسىيىنىڭ پايتەختى پېتربۇرگدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا رادلوۋ رەھبەرلىك قىلغان. ئۇنىڭ دائىمىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە پېتر بۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى رۇكوۋسكى، بارتولد قاتارلىق كىشىلەر بولغان. بۇ خەلقارا تەشكىلات ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ بېكىتكەن ھەمدە پېتر بۇرگدا تۇرۇشلۇق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىنى فرانسۇزچە نەشر قىلىشنى قارار قىلغان.

بۇ خەلقارا جەمئىيەتنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى ئارقىسىدا، ھەر قايسى ئەل ئارخېئولوگلىرى ئارقا - ئارقىدىن جۇڭگوغا كېلىپ، قەدىمقى زامان مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاش بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان. مەسىلەن: سۋېنھېدىن، گرىنۋېدېل، لىكوك، پېلىيوت، ستەيىن، كوزلوۋ، روبلوۋسكى قاتارلىقلار. بۇلار ھەممىمىزگە تونۇشلۇق ئادەملەر بولغاچقا، بۇ يەردە تەپسىلى بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز. بۇ ئارخېئولوگلارنىڭ ھەممىسى روسىيىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن.

## 3 . يېقىنقى 30 يىل مابەينىدە خەلقارادا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە يېڭىلىق ۋەزىيىتى

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىدا يېڭى بىر ھادىسە يۈز بەردى، يەنى ئاسىيادىكى بىر مۇنچە مەملىكەتلەر، مەسىلەن: ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، ئىران قاتارلىق مەملىكەتلەر مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلىك ئورنىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز مەملىكىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا پائال كىرىشتى ھەمدە خەلقارا ئىلمىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا شۇناسلىقنىڭ تەتقىقات قوشۇنى زورايدى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقات تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ئۇنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىنىڭ 1955 - 1966 - يىللىق خىزمەت پىلانىدا «شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى ئۆز ئارا چۈشىنىش قىممىتى ھەققىدىكى پىلان» (قىسقارتىپ «شەرق - غەرب پىلانى» دەپ ئاتىلىدۇ) دېگەن بىرشىيائىمۇ بولۇپ، بۇنىڭدىن مەقسەت — شەرق ۋە غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇ پىلان بويىچە، شەرق مەدەنىيىتىمۇ تەتقىق قىلىنماقچى، غەرب مەدەنىيىتىمۇ تەتقىق قىلىنماقچى ئىدى. لېكىن شەرق ئەللىرى (مەسىلەن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن دۆلەتلەر) ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا ناھايىتى ئاكتىپ كىرىشكەنلىكتىن، شەرق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى ئىلگىرىلەش تېخىمۇ زور بولدى. شۇڭا، ب. د. ت. نىڭ مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسى شەرق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى خەلقارا ھەمكارلىقنى ئۇيۇشتۇرۇشقا كىرىشتى ھەمدە ئاسىيا ئەللىرىدە تەتقىقات مەركەزلىرىنى قۇرماقچى بولدى. تۈرلۈك تەتقىقات تېمىلىرى ئىچىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش باش ئورۇنغا قويۇلدى.

1965 - يىلى 12 - ئايدا، ب. د. ت. نىڭ مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسى پارىژدا «شەرق - غەرب پىلانى» نىڭ خەلقارا مەسلىھەت ھەيئىتىنىڭ يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا قاتناشقان ھەر قايسى ئەل ئالىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە تىللىرىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى كۇشان خاندانلىقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، ئافغانىستان ئالىملىرى تېمۇر خاندانلىقىنىڭ سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. بۇ تەكلىپلەر ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىنىڭ 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا چاقىرىلغان 14 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا تەستىقلاندى

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 10 - يىلى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 10 يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئاياقلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش باشلانغان مەزگىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، روسىيىدە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى يۈز بەردى. ئىنقىلاپتىن كېيىن، روسىيىنىڭ شەرقشۇناسلىقى روس ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تەتقىقاتنى داۋاملاشتۇردى ۋە بۇ تەتقىقات داۋامىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر تۈركۈم شەخسلەر مەيدانغا چىقتى، مەسىلەن: بارتولد، ئولدېنبۇرگ، مالوۋ، پوزدېنېيېۋ، رېمنېر، ۋىلادىمىر سوۋكېتىن، ۋېياتكىن قاتارلىقلار. باشقا مەملىكەتلەر، مەسىلەن: ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە قاتارلىق مەملىكەتلەرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەركەزلىرىدىن بولۇپ، ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە يېزىلغان بىرمۇنچە كلاسسىك تارىخي كىتاپلار ئەلىگىرى - كېيىن بولۇپ شۇ ئەللەردە ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئەنگلىيىلىك براند قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەھرىرلىگەندىكى «گىب خاتىرىسىگە بېغىشلانغان كىتاپلار» مەخسۇس شەرق ئەللىرى يېزىقىدىكى مۇشۇنداق تارىخي ماتېرىيال ياكى كىتاپلارنى نەشرقىلاتتى.

بىز يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيانقى شەرقشۇناسلىقنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ شەرقشۇناسلىقىنىڭ ھەممىسى كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكە كېڭەيمىچىلىكى ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدى. لېكىن، ئۇلار جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيە ۋە قەدىمقى يېزىقلارنى تەتقىق قىلىش، ئوقۇپ ئىزاھلاش؛ ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە تارىخي ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىش ۋە رەتلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەقىقەتەن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇمۇ – شەرقشۇناسلىقنىڭ بىر پەن سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ۋە مۇستەقىل راۋاجلىنالىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. ئىرقىل جاسۇسلۇق ھەركەت خەلقئالەم ئالدىدا ئاسانلا چېنىپ قالىدۇ، پەقەت «ئىلىم» نى چۈمپەردە قىلىۋالغاندىلا ئاندىن ئۇنداق ھەركەتنى ئېلىپ بېرىشقا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇلارنىڭ جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تەرىپىنىمۇ كۆرۈشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان نەرسىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، قەدىمقى يېزىقشۇناسلىق، مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ تىل - يېزىقىدىكى تارىخي ماتېرىيال قاتارلىقلار دەل بىزدە كەم بولۇپ كېلىۋاتقان نەرسىلەردۇر. يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان فېئوداللىق بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنىڭ كاساپىتىدىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئالىملىرى خەلقارا ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشالماي كەلگەنلىكىمۇ مۇشۇنداق ھالەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەپلەردىن بىرسى. شۇڭا، بىزدە بۇ جەھەتتىكى ئىختىساسلىق كىشىلەر بەكمۇ ئاز بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى بىر كەم تەرەپ بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ھالەت تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە قەدەر تۈپتىن ئۆزگەرگىنى يوق؛

ھەمدە ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىنىڭ 1967 — 1968-يىللىق مالىيە پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. يەنى ئۇنى «ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش پىلانى» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئارخېئولوگىيىسى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى؛ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت تارىخى (جۈملىدىن كاندىرا سەنئىتى ۋە تۆمۈرخاندانلىقى دەۋرىدىكى سەنئەت)؛ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئىلىم-پەن تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى؛ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە پەلسەپە تارىخى؛ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىياتى قاتارلىقلار.

كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى، ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەر ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىنىڭ مالىيە جەھەتتىن قوللىشى ئارقىسىدا، يۇقىرىقى شىيائىمۇلار بويىچە تەتقىقات خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. ھەر قايسى ئەللەر يەنە شۇنىڭغا مۇناسىپ مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇپ، بۇ شىيائىمۇلار ئۈستىدىكى تەتقىقات خىزمىتىنى بۇلارغا يۈكلىدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىش پىلانىدا، كۇشان ئىمپېرىيىسى تارىخىغا دائىر مۇنداق بىر مەسىلە بار — يەنى كانىشكىنىڭ يىل دەۋرى مەسىلىسى. بۇ مەسىلە خەلقئارادىكى ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىقتا تالاش-تارتىش بولۇپ ھەل بولماي كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، 1874-يىلى ئەنگلىيىلىك ئالىم توماسنىڭ: كانىشكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مىلادىدىن ئىلگىركى 1-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلانغان، دېگەن پىكرىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغىنىدىن ھاپلىغاندا، يۈز يىلدىن ئاشتى. مۇشۇ يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر قايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئوخشاش بولمىغان پىكىرلىرى ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ. تاكى 1960-يىلى 4-ئايدا لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدىكى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىمۇ (بۇ يىغىنغا ھەر قايسى ئەللەردىن قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سانىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان) بۇ مەسىلە يەنىلا ھەل بولغىنى يوق.

ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىش پىلانىدىكى كۇشان تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى ئافغانىستان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار ئارخېئولوگىيە جەھەتتە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن ۋە نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلىنى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ھەل قىلالىغىنى يوق. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئارخېئولوگىيە خىزمىتىگە تايانماي بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ مۇھىملىكىگە سەل قاراشقىمۇ

بولمايدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىدە بىزنىڭ جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان، ئافغانىستاندا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان چەتئەل كىشىلىرىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئاساسلىقى فرانسىيىلىكلەر بولۇپ، ياپونىيىلىكلەرمۇ دائىم بېرىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىلا، فرانسىيىلىكلەر ئافغانىستاندا ئەبەدى خاراكتېرلىق بىر ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا «ئافغانىستان - فرانسىيە ئارخېئولوگىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى» دەپ نام بەرگەن. بۇ ئارخېئولوگىيە ئەترىتىگە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر نەچچە ئاتاقلىق فرانسۇز ئالىملىرى رەھبەرلىك قىلغان. مەسىلەن: ئا. فوشېر، خاكىن، بارتلېچ، ئا. گودار ۋە گىرشمان قاتارلىقلار. فرانسىيىلىكلەر تۈرگۈنلىگەن ماتېرىياللىغا ئىگە بولغان، بۇلار بىزنى يۇنان - باكترىيە سەنئىتىنىڭ خاراكتېرى، مەنبەسى مەسىلىسى، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىش يولى ھەمدە كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ خەلقارا مۇناسىۋەتتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، فرانسىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىدى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شلۇمبورگ ۋە بېرشاردلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، داۋاملىق قېزىش ئېلىپ بېرىپ، مۇھىم نەرسىلەرنى تاپقان. مەسىلەن: 1951 - يىلى، ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سۇرخ - كوتال دېگەن جايدىن كۇشان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قەسرىنى تاپقان. 1963 - يىلى، ئاي - خانىم كەنتىنىڭ يېنىدىن گرېك - باكترىيە شەھرىنى تاپقان. سۇرخ - كوتالدىكى قېزىش ئىشلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 20 يىل داۋام قىلغان، قېزىش داۋامىدا بىر پارچە پۈتۈكنى ئۇچراتقان، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ پۈتۈكنىڭ سۇرخ - كوتال ئىمارىتىنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان پۈتۈك ئىكەنلىكى، كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ تىلى بولسا قەدىمقى باكترىيە تىلى ئىكەنلىكى بىلىنگەن. بۇ خىل تىل تاھازىرغىچە دۇنيادا تېخى ئوقۇلغىنى يوق، ئافغان ئالىملىرىمۇ فرانسىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشقان. ئافغانىستان 1966 - يىلى ئاندىن ئۆزىنىڭ تۇنجى دولەت ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنى قۇردى. 1967 - يىلى، ئافغانىستان ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنى تەسىس قىلدى. 1968 - يىلى كۇشان تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان يەرلىك تەتقىقات مەركىزىنى قۇرۇپ، ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىنىڭ مالىيە جەھەتتىكى ياردىمىگە ئېرىشتى.

ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ بىر قاتار خەلقارا يىغىنلار ئۆتكۈزۈلۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. مەسىلەن: 1968 - يىلى، ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسى سوۋېت ئىتتىپاقى تاجىكىستاننىڭ مەركىزى دۈشەنبىدە

كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تارىخى مۇھاكىمە قىلىنغان خەلقارا يىغىن ئۆتكۈزدى؛ 1970 - يىلى 5 - ئايدا، كابۇلدا كۇشان ئارخېئولوگىيىسى خىزمىتى توغرىسىدا خەلقارا يىغىن ئۆتكۈزدى؛ 1969 - يىلى، ھىندىستاننىڭ ئۆزى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر تەتقىقات توغرىسىدا خەلقارا يىغىن ئۆتكۈزدى؛ شۇ يىلى سەمەرقەنتتە تۆمۈر خانلىقى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتى توغرىسىدا خەلقارا يىغىن ئۆتكۈزۈلدى؛ 1970 - يىلى، كابۇلدا ئارخېئولوگىيە خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى؛ ئىسلاھبورگدا پەن تەرەققىياتى تارىخى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنلارغا دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئالىملىرى (جۇملىدىن ئافغانىستان، بۇلغارىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ۋېنگرىيە، شەرقىي گېرمانىيە، ھىندىستان، ئىران، ئىتالىيە، ياپونىيە، موڭغۇلىيە، پاكىستان، پولشا، شۋېتسىيە، تۈركىيە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى) قاتناشتى. لېكىن جۇڭگو ئالىملىرى بۇنداق يىغىنلارغا قاتنىشىپ باققىنى يوق.

1970 - يىلدىن ئىلگىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقات «ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات پىلانىنىڭ تەجرىبە باسقۇچى» دەپ ئاتالغان ئىدى.

1968 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىدىن: ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات پىلانىنى موڭغۇلىيىگە قەدەر كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى. ۋاھالەنكى، موڭغۇلىيە ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدە بولمىسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىنىڭ 15 - قېتىملىق يىغىنى موڭغۇلىيىنىڭ بۇ تەلىپىگە ئاخىر قوشۇلۇپ، ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزدى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا، 1970 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ئۇلانباتوردا موڭغۇلشۇناسلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا موڭغۇلشۇناسلىق ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغاندىن تاشقىرى يەنە ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات پىلانى»غا چېتىشلىق بىر تېمىنى، يەنى «كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىكى رولى» دېگەن تېمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1970 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات پىلانى»نى قوبۇل قىلدى. كېيىن، ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئۇلار ئىنگلىز يېزىقىدا «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەۋزىمى تارىخى»نى نەشر قىلدى. بۇ كىتاپ ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ،

1973 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات دائىرىسى شەرق تەرەپتە موڭغۇلىيىگە قەدەر كېڭەيدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ يەردە موڭغۇلىيىلىكلەر سوۋېت ئىتتىپاقى زومىگەرلىكىنىڭ گۇپپا ئۇچىسىغا ئايلاندى.

ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقات پىلانى 1970 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، «تەجرىبە باسقۇچى» (4 يىللىق) نى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، يەنە يېڭى بىر پىلان ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ پىلان، ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسى 1971 - يىلى 4 - 5 - ئايلاردا پارىژدىكى باش ئورگاندا، يۇقۇرىدىكى مەسىلە توغرىسىدا بىر كېڭەش يىغىنى ئوتكۈزدى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالاقىدار مەملىكەتلەر ۋە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئالىملىرى تەكلىپ بويىچە بۇ يىغىنغا قاتناشتى. ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىنىڭ ياردەمچى باش ئىنسپېكتورى خوگارت ئېچىلىش مۇراسىمىدا يېقىنقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىنىڭ زورۇرلىكىنى كورسىتىپ ئوتۇش بىلەن بىللە، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەرنى تارقىتىشنىڭ مۇھىملىكىنى تەكىتلىدى. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ كوپچىلىكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ «توت كوچا ئېغىزى» بولغان بۇ يەر توغرىسىدا كويا قىلچە تونۇشقا ئىگە ئەمەس ئىدى. يىغىن «19 - ۋە 20 - ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ جەمىيەت ۋە مەدەنىيەت تارىخى» نى تەتقىق قىلىش پىلانىغا قوشۇلدى.

ئىككىنچىدىن، بۇ قېتىمقى يىغىندا يەنە خەلقارا ئىلمىي جەمىيەت تەسىس قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى ۋە مۇھاكىمە قىلىندى. مۇھاكىمە نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ نامى «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەمىيىتى» دەپ بېكىتىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىننى «ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات پىلانى» نىڭ يېڭى باسقۇچىنىڭ باشلىنىشى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

كېيىنكى يىلى (1972 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركمەنىستاننىڭ مەركىزى ئاشىق ئاباد تا خەلقارا يىغىن ئوتكۈزۈلۈپ، يېقىن زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ئىجتىمائى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش پىلانى مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ يىغىنغا دۇنيادىكى 23 دولەت ئالىملىرى قاتناشتى. يىغىن قاتناشچىلىرى 1973 - يىلى «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش خەلقارا جەمىيىتى» نى تەسىس قىلىشقا بىر ئېغىزدىن قوشۇلدى. يىغىنغا قاتناشقان موڭغۇلىيە ۋەكىللىرى يەنە 1973 - يىلى ئۇلانباتۇردا خەلقارا يىغىن چاقىرىپ، «كوچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىدىكى رولى» نى مۇھاكىمە قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى..

1973 - يىلى ئۇلانباتوردا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقارا يىغىنغا دۇنيا بويىچە 23 مەملىكەتتىن 300 دىن ئارتۇق ئالىملار قاتناشتى.

29 - نۆۋەتلىك خەلقارا شەرقشۇناسلار يىغىنىدىن كېيىن (25 - نۆۋەتلىك يىغىن 1960 - يىلى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن، 26 - قېتىملىق يىغىن 1964 - يىلى ھىندىستاننىڭ پايتەختى يېڭى دېھلىدە ئۆتكۈزۈلگەن)، ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەسى 1973 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە پارىژدىكى باش ئورگاندا «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش خەلقارا جەمئىيىتى»نى تەسىس قىلدى. يىغىن قاتناشچىلىرى جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، 1973 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ماقۇللىدى. جەمئىيەتنىڭ نامىنى «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى» دەپ بېكىتتى. مەزكۇر جەمئىيەت تەسىس قىلىنغاندا، ئۇ يىغىنغا جۇڭگو قاتناشمىغان ئىدى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مونوپول قىلىشى ئارقىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقاتتا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتناشتۇرۇلۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى تۇۋا بىلەن بۇرىيات — بۇ ئىككى ئاپتونوم رېسپۇبلىكىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات پىلانىنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ كەتتى، بۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرەزلىك قىلىۋاتقان ئىشى.

موڭغۇلىيە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات پائالىيىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن، ھەر قايسى ئەل ئالىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ تېررىتورىيە دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەسىلىسىنى، يەنى تەتقىقات دائىرىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىغا كېڭەيتىشنى ئويلاشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى يېزىپ چىقىش مەسىلىسىنىمۇ غۇلغۇلا قىلىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مونوپول قىلىشى ئارقىسىدا، پۈتكۈل موڭغۇلىيىنى، ھەتتا جەنۇبىي سىبىرىيە (مەسىلەن: تۇۋا، بۇرىيات) نىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىگە كىرگۈزدى. ھالبۇكى، بۇ يىغىنغا پەقەت جۇڭگولا قاتناشمىدى. روشەنكى، بۇ تازىمۇ قاملاشمىغان گەپ. شۇڭلاشقا، ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەسى ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر بۇنىڭدىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مونوپوللىغى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات — بىرىنچىدىن، خەلقارالىق خاراكتېرى كەم (چۈنكى ئۇنىڭغا جۇڭگو قاتناشمىغان)، ئىككىنچىدىن، ئىلمىلىكى كەم (چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئۆزىنىڭ زومىگەرلىك سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان) دەپ قارىدى. شۇڭا ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەسى جۇڭگونى تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، بۇ ئەھۋالدا، جۇڭگونىڭ قاتنىشىشىنى ئەزەلدىن خالىماي كېلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلاجىسىز جۇڭگونى تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ تەكلىپنامە ئەۋەتتى. دۆلىتىمىزنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ تەستىقى بىلەن مەملىكىتىمىز ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت

يۇنەسكونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات پىلانىغا ھەمدە «خەلقارا ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى» گە قاتنىشىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزدە 1970 - يىلى 10 - ئايدا مەملىكەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىش ئىلمىي جەمئىيىتى تەسىس قىلىندى، 11 - ئايدا پارىژغا بېرىپ مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ لىشىخۇي يىغىنىغا قاتناشتى، مەملىكىتىمىزدىن پروفېسسور ۋېن دۇجيەن ماناۋىن لىشىجاڭلىققا سايلاندى.

يۇنىڭدىن ئىلگىرى ب. د. ت. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت يۇنەسكونىڭ پارىژدىكى باش ئورگىنى 1970 - يىلى 4 - ئايدا ھەر قايسى ئەل ئالىملىرىنى چاقىرىپ، «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» نى يېزىپ چىقىش مەسىلىسى توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكەن ئىدى. مەملىكىتىمىز خەلقارا ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن، «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» نى يېزىش خىزمىتىگە قاتناشتى ھەمدە 1980 - يىلى 12 - ئايدا پارىژغا بېرىپ، «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» خەلقارا تەھرىر ھەيئىتىگە قاتناشتى. نەنجىڭ داشۆي تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور خەن رۇلىن مەزكۇر تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ماناۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئىككى يىل مابەينىدە، ئاساسەن، مەزكۇر كىتابنىڭ 1 - ۋە 2 - تومىنىڭ تېزىسى تۈزۈپ چىقىلدى، مەملىكىتىمىز ئالىملىرى يېزىش خىزمىتىنىڭ بىر قىسمىنى ئۈستىگە ئالدى، بۇ خىزمەت ھازىر ئورۇنلىنىپ بولدى. بۇ جەھەتتە قىلىنغان ئىككىنچى ئىش — بۇ يىل 4 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى تاجىكىستاننىڭ مەركىزى دۈشەنبىدە، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى خەلقارا مۇھاكىمە يىغىنى ئوتكۈزۈلدى، بۇ يىغىنغا مەملىكىتىمىزدىن پروفېسسو ۋېن دۇجيەن قاتناشتى. ئۈچىنچى ئىش — بۇ يىل 6 - ئايدا پارىژدا «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» نىڭ تەھرىر گۇرۇپپىسى يىغىنى چاقىرىلىپ، مەزكۇر كىتابنىڭ 3 — 6 توملىرىنىڭ تېزىسى مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ يىغىنغا جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى مابۇڭ بىلەن مەن بىرگە بېرىپ قاتناشتىم، بۇ يىغىندا، كېيىنكى 4 تومنىڭ تېزىسلىرى دەسلەپكى قەدەمدە تۈزۈپ چىقىلدى. كېلەر يىلى يەنە بىر قېتىم يىغىن ئېچىپ، 3 - 4 - توملارنىڭ تېزىسىنى بېكىتمەكچى ھەمدە ھەر قايسى توملارنىڭ مۇھەررىرلىرى ۋە يېزىشقا تەكلىپ قىلىنغان ئاپتورلارنى رەسمىي بېكىتمەكچى.

بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى خىزمەت داۋامىدا، بىزنىڭ ئالاھىدە ھېس قىلغىنىمىز شۇكى، مەملىكىتىمىزدە ئىختىساسلىق خادىملار كەم، سىرتقا خىزمەت ئۈچۈن ئەۋەتەلەيدىغان مۇتەخەسسىسلىرىمىز بەك ئاز. ئەلۋەتتە، بىزدە مۇتەخەسسىسلەر يوق ئەمەس، لېكىن نۆۋەتتىكى مەسىلە كىشىلەرنىڭ تەلەپكە قانداق ئۇيغۇنلىشىش مەسىلىسى. شۇڭا، مېنىڭچە، شۇنى مۇراجىئەت قىلىش زۆرۈركى، بۇنىڭدىن كېيىن، رەھبەرلىك تېگىشلىك تەدبىر قوللىنىپ، تەلەپكە ئۇيغۇن ئىختىساسلىق خادىملارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى لازىم. ئەگەر ئىختىسا-

لىق خادىملار بولمايدىكەن، مەملىكىتىمىز كەلگۈسىدە خەلقارادىكى ئىلمىي پائالىيەتلەردە زىيان تارتىدۇ. بۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ دۆلەتلىك ئورنىغىمۇ مۇناسىپ ئەمەس، بىز سىياسى جەھەتتىن قەد كۆتەردۇق. لېكىن ئىلىم – پەن جەھەتتىمۇ يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپ قالىدىغان ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم. ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش، بولۇپمۇ ئازسانلىق مىللەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش دۆلەت ئۈچۈن پايدىلىق. دۆلىتىمىز — سوتسىيالىستىك دۆلەت. بۇ، ئازسانلىق مىللەت خادىملىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق. بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. بۇ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن پايدىلىق. بىز يۇقىرى سەۋىيىلىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىساق، بىزنىڭ خەلقارادا ئورنىمىز بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالايمىز. بىز ئۇيغۇر مىللىتىنى دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئورنى بار دېگىنىمىزدە مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن – دە. ئەگەر بىر مىللەت، بىر دۆلەتتە مۇشۇنداق ئىختىساسلىق ئادەملەر بولمىسا، ئۇنى كىممۇ كۆزگە ئىلسۇن؟

بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇزاق تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە رايون. بىز ئۇنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش — مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتا كەم بولسا بولمايدۇ. بۇ، بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىمىزنى ئۆستۈرىدۇ. بىز كىشىلەرنى ئەسەر يېزىشقا، نەتىجە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇشىمىز لازىم. بىز ئۆزىمىزنىڭ تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى چەتكە تونۇشتۇرۇشىمىز ۋە تارقىتىشىمىز، شۇ ئارقىلىق دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن ھەمدە ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى نەتىجىلەر بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئېلىمىزگە بولغان چۈشەنچىسى ھەقىقەتەن ناھايىتى كەم. بىز ئۆز ئىشىمىز بىلەنلا بولۇپ، سىرت بىلەن ئۇچراشماي، دۇنيادىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەرسىز قالغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ئىشىمىز راۋاجلانمىغان. بۇنداق ۋەزىيەت ھەقىقەتەنمۇ ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئەگەر بىز: تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر يۈكسەك مەدەنىيەتنى ياراتقان، ئۇلاردا بىر مۇنچە ئۇلۇغ ئالىملار مەيدانغا كەلگەن، دەپ ئېتىراپ قىلىدىكەنمىز، ئۇنداقتا، بۈگۈنكى سوتسىيالىزم شارائىتىدا نېمە ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالمايمىز؟ بۇ جەھەتتىكى ئۈمىت ئەلۋەتتە ياش ئەۋلادلىرىمىزدا. بىز ئۇ قاتاردا ئەمەسمىز. بىز پەقەت يول ئاچقۇچى، يول تۈزلىگۈچى، يەنى يېڭى ئەۋلادلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن شەرت – شارائىت ھازىرلىغۇچىلارمىز. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن، يەنىلا يېڭى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشكە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز ھەقىقى يوسۇندا خىزمەت ئىشلەپ ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ مەيدانغا چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى!

ئەزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى